ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى
ئومۇمىي 19 ـ سان
توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر
فېۋرال 2022



# خىتاي بۇ يىللىق جىنايەت پىلانىنى ئاشكارىلىدى

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV




ياپونىيە ئاۋام پالاتاسى 1 - فېۋرال قارار ماقۇللاپ، كىشىدا هۆكۈمىتىنى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئېغىر كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىگە قارىتا تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى.

روېتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان مەزكۇر قاراردا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭدىكى تۇتقۇن قىلىش، دىنىي ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى تەكىتلىنىپ: «كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى پەقەت دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى مەسىلىسىلا ئەمەس. چۈنكى كىشىلىك هوقۇق دۇنياۋى ئورتاق قىممەت قاراش، خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلە» دېيىلگەن.

بايانatta يەنە پارلامېنتنىڭ خىتايدىكى جىددىي كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە تەهدىت شەكىللەندۈردى، دەپ قارايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇنداقلا ياپونىيە هۆكۈمىتىنى بۇ هەقتە مەلۇمات توپلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن هەمكارلىشىپ، مەزكۇر جىددىي كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشكە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك پەسەيتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا چاقىرغان. مەزكۇر قاراردا «كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا «جىددىي كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتى» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ قويۇق سودا مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ياپونىيە تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، گەرچە هۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەندىشىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان لىبېرال دېموكراتچىلار پارتىيەسىدىكى كونسېرۋاتىپلار بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى باشلىنىشتىن بۇرۇن، مەزكۇر قارارنىڭ رەسمىي ماقۇللىنىشى ئۈچۈن تىرىشماقتىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ قارارغا دەرهال ئىنكاس قايتۇرۇپ: «ياپونىيە ئەينى ۋاقىتتا باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، هەددى-هېسابسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى، ئۆزىدىكى كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدىمۇ يەتكۈچە داغ چۈشكەن. باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدە ئاتىكاچىلىق قىلىش سالاهىيىتى يوق» دەپ بىلجىرلىدى.



# بىلىنكېن شەرقىي تۈركىستانلىق پاناھلىق تىلىگۈچىلەر مەسىلىسىگە دىپلوماتىك ئارىلىشىشقا چاقىرىلدى

ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىككى رەئىسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، ماراكەش، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىلمىشىغا دىپلوماتىك ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 2 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىككى رەئىسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، مىنىستىرلىقتىن ماراكەش، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر، قازاق پاناھلىق تىلىگۈچىلەر مەسىلىسىگە دىپلوماتىك ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلغان ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر خىتايغا قايتۇرۇلسا، خىتاي رېجىمىنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەكتۇپنى ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە رەئىسلىرى بولغان كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلى بىلەن ئاۋام پالاتا ئەزاسى جامىس مىككوۋېرن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېنغا يازغان بولۇپ، مەكتۇپتا سەئۇدى ئەرەبىستان، ماراكەش ھەمدە قازاقىستاننىڭ تۈركىي مۇسۇلمانلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ئېھتىماللىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار مەكتۇپىدا بىلىنكېننى شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا بۇ مەسىلىگە ئارىلىشىپ، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشىنى توسۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان.



مەكتۇپتا يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، مىسىر، تايلاند ۋە مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆتكەن ئون يىلدا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ، خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى تەكىتلەنگەن.

مەكتۇپتا ماراكەش تەرىپىدىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىدرىس ھەسەن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ماراكەش سوتىنىڭ ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەستىقلىشىنىڭ 2016 - يىلى خىتاي بىلەن ماراكەش ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى كېلىشىمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەكتۇپتا يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھەمدۇللاھ ئابدۇۋەلى ۋە نۇرمۇھەممەد روزىنىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارغا 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

مەكتۇپتا يەنە 10 - يانۋار زىمىستان تورىدا ئېلان قىلىنغان قازاقىستان ساقچىلىرىنىڭ خىتاي كونسۇل خادىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قازاقىستاندا پاناھلىق تىلەۋاتقان 100 دىن ئارتۇق قازاق پاناھلىق تىلىگۈچى ۋە ئۇقۇغۇچىنى قورغاس تاموژنىسى ئارقىلىق خىتايغا قايتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

مەكتۇپتا دېيىلىشىچە، گەرچە قازاقىستان دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بىر قىسىم قازاقلارنىڭ قازاقىستاندا قېلىشىغا يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما قازاقىستاندا ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى ئاشكارىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان.

پارلامېنت ئەزالىرى مەكتۇپىدا: «بىز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ دۆلەت ئورگانلىرىغا بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا ۋە بۇ دۆلەتلەردىكى ئورگانلاردىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇچۇر ۋە چۈشەنچە تەلەپ قىلىشقا چاقىرىمىز» دېگەن.






# ئۇيغۇر باينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈركىيەدىكى مال-مۈلكى ئۇلجىغا ئايلاندى

شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر باي ئەكبەر ئىمىننىڭ تۈركىيەدە قالغان 225 مىليون لىرا پۇلىغا تۇزاق قۇرۇلغانلىقى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مال-مۈلكىنىڭمۇ خىتاي تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغانلىقى ئاشكارىلاندى.

تۈركىيە ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر تورىنىڭ 2 - فېۋرالدىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيەدە بىر قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تىجارەتچى ئەكبەر ئىمىن خىتاي تەرىپىدىن «قانۇنسىز سودا قىلىش ۋە پۇل يۇيۇش» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئالدامچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ساختا ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ، ئەكبەر ئىمىننىڭ تۈركىيەدىكى بانكىلارغا ئامانەت قويغان 225 مىليون لىرا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ئەكبەر ئىمىننىڭ ئايالى: «ئۇلار مېنىڭ يولدىشىمنىڭ پۇلىنى بۇلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوتقا ئەرز قىلغاندىن كېيىن، ئالدامچىلارنىڭ پىلانلىرى سۇغا چىلاشقان.

54 ياشلىق ئەكبەر ئىمىن قۇرۇلۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، خوتەندىكى تونۇلغان بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، 2014 - يىلى دوستى بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ، ئىستانبۇلنىڭ ئاۋجىلار رايونىدا «گۈزەل ماكان قۇرۇلۇش شىركىتى» نامىدا بىر شىركەت قۇرغان. بۇ جەرياندا تۈركىيەدىكى بىر قانچە بانكىدا ھېسابات ئېچىپ، تەخمىنەن 225 مىليون لىرا ئامانەت قويغان.

ساباھ گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەكبەر ئىمىن 2015 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئۇنى «قانۇنسىز سودا قىلىش ۋە پۇل يۇيۇش» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئالغان. ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، ئەكبەر ئىمىن مەزكۇر تۆھمەت بىلەن 25 يىل كېسىلگەن. ئەكبەر ئىمىننىڭ خىتاي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ساختا ھۆججەتلەرنى تەييارلىغان ئاتالمىش «ھەقدارلار» ۋە ياللانغان ئادۋوكاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجرا ئورۇنلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، بانكىدىكى 225 مىليون لىرانى ئالداپ ئېلىۋالماقچى بولغان. دەل شۇ پەيتتە، سودىگەرنىڭ ئايالى رەنا خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يولدىشىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ئەرز سۇنغان.

تۈركىيە تەپتىش مەھكىمە خادىملىرى رەنا خانىمنىڭ ئەرزىگە ئاساسەن دېلونى تەكشۈرۈشكە باشلىغان ۋە

ئىمزا ئەۋرىشكىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئاتالمىش «ئەكبەر ئىمىن ئىمزا قويىدى» دېيىلگەن بارلىق ئىمزالارنىڭ ساختا ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇندىن باشقا تەپتىش مەھكىمىسى دېلونى تەھقىقلەش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ھەمكارلىشىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بۇ مەسىلىسگە ئىنكاس قايتۇرغان ۋە ئەكبەر ئىمىنىنىڭ 2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ -1كۈنى شەرقىي تۈركىستانغا بارغانلىقى، 2015 - يىلدىن بېرى ھېچكىمگە ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقى بەرمىگەنلىكى، ئاتالمىش «ھەقدارلار»نى تونۇمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن خەت ئارقىلىق تۈركىيە تەپتىش مەھكىمىسىگە جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەكبەر ئىمىنىنىڭ بانكىدىكى 225 مىليون لىرا پۇلىغا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللىنىلغان.

بۇ ھەقتىكى خەۋەر تارقىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئالدىنقى كۈنلەردە تىك توكتا تارقالغان بىر ۋىدىيودىكى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا چىقىرىلغان بىنانىڭ ئەكبەر ئىمىنغا تەۋە ئىكەنلىكى دەلىللەندى. مەزكۇر سىندا كۆلىمى 46 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان 24 قەۋەتلىك بىنانىڭ 177 مىليون يۈەن باشلىنىش باھاسى بىلەن 20 - يانۋاردىن تارتىپ كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىنا خىتاينىڭ ئەلىبابا تورىنىڭ كىمئارتۇق سېتىش سۇپىسىغا چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى سىن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغاندىن كېيىن، ئەسلى مەنبەدىن تېزلىكتە ئۆچۈرۈلگەن.

بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى كونيا شۆبىسى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئۆزىنىڭ ئەكبەر ئىمىن بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خوتەندىكى تونۇلغان بايلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە بۇ بىنانىڭ ئەكبەر ئىمىنغا تەۋە ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر 24 قەۋەتلىك بىنا خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان گۈلباغ رايونىغا سېلىنغان بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ، 400 مىليون يۈەن سەرپ قىلىنغان ۋە 2017 - يىلى پۈتكەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى بايلار خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدىكى مۇھىم نىشانغا ئايلانغان بولۇپ، ساناقسىز بايلار تۆھمەت بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، مال-مۈلۈكلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ بۇلتۇر 9 - ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش سوت مەھكىمىلىرى خىتايدىكى سودا تور بېكەتلىرىدە كەم دېگەندە 21 ئۇيغۇر باينىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئۆي-مۈلۈك ۋە شىركەت پېيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 150 دىن ئارتۇق مۈلۈكنى كىمئارتۇق قىلىپ ساتقان بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 84 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يەتكەن. ئەمما بۇ پەقەت ئاشكارىلانغان مەلۇماتلار بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بايلار ۋە مال-مۈلكىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئىكەنلىكى ئۇنتۇرىغا قويۇلماقتا.



# ئەركىن تۇنىيازنىڭ دوكلاتى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردى



**ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ رەئىسى قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىيازنىڭ 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا بەرگەن 2021 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى خىتاي رېجىمى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى.**

تەكرىتاغ تورىنىڭ 2 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، ئەركىن تۇنىياز ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا 2021 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، 2021 - يىلى «يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۈچ مىليون 174 مىڭ ئادەم قېتىم باشقا يۇرتقا يۆتكىگەنلىكىنى، پۈتۈن يىللىق نىشان-ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقىنى، خەلقنى يەنە ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركىزى»دە تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە 2 مىليون 214 مىڭ ئادەم قېتىم «تەربىيەلەپ»، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 79.85% ئاشۇرغانلىقىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش، جازا لاگېرىغا قاماش جىنايەتلىرىنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئاشكارىلىغان.

ئۇ دوكلاتىدا: «يېزىلاردىكى تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنى يەسلىگە ئېلىش بويىچە، ئېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتۇشنى، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىدا ئوقۇتۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردۇق» دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتەك رەزىل مەقسىتىدە ئىجرا قىلغان ئۆسمۈرلەرنى ئائىلىلىرىدىن ئايرىپ بالىلار لاگېرىغا قاماش، مەجبۇرىي خىتايچە ئۆگىتىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئەركىن تۇنىياز دوكلاتىدا ئاتالمىش «يېزا ھاجەتخانا ئىسلاھاتى، كەپە رايونلارنى ئۆزگەرتىش» نامىدا 1000 كەنت-مەھەللىنى كۆكەرتكەنلىكىنى، شەھەر-بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، 231 مىڭ 500 شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيىنى چاققانلىقىنى، 63 مىڭ 900 يۈرۈش ئۆينى چېقىپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى، 168 مىڭ 800 نامرات ئاھالىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى، مىللىي ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇش، بىناكارلىقلارنى

يوقىتىش، خەلقنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش جىنايەتلىرىنى دەلىللىگەن.

ئۇ دوكلاتىدا يەنە ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى بىر مىليون 600 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» قىلىنغانلىقىنى، 383 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئوقۇتقۇچى ۋە تۆت مىليون 510 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ «دوستلاشتۇرۇلغانلىقىنى»، مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشايدىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ چىقارغانلىقىنى، ئارىلىشىپ ياشايدىغان كەنت، مەھەللىدىن 4783نى، ئولتۇراق رايوندىن 9223نى قۇرۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، نوپۇس قۇرۇلمىسىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىش، ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا خىتاي رېجىمىنىڭ 2022 - يىللىق نۆۋەتلىك رەزىل پىلانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ كاشىلىسىنى يوقىتىش كېرەكلىكى، غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى تەشۋىقاتىغا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكى، مىللىي ئۇسلۇبتىكى ھويلا-ئارامىلارنى چېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1273 كونا ئولتۇراق رايوندىكى 203 مىڭ 900 يۇرۇش ئۆينى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى پىلانلىغانلىقى، ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىدىغانلىقى، خىتاي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش، ئائىلىگە كىرگۈزۈش، مەھەللىگە كىرگۈزۈش، شۇنداقلا دۆلەت بىلەن يەرلىكنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى چىڭ تۇتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئىجراچىلىرىدىن بىرى بولغان شۆھرەت زاكىرنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز 27 - يانۋار رەسمىي ھالدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەندى. ئانالىزچىلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى ئالماشتۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.



# ب د ت نىڭ ئۇيغۇر دوكلاتىنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلىشى دىققەت قوزغىدى



بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلىشى «خىتاي بىلەن ھەمكارلاشقانلىق» دەپ قارىلىپ، تەنقىدكە ئۇچرىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 4 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى كۆپلىگەن نارازىلىقلار ئىچىدە ئېچىلغان بىر پەيتتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئېچىلىشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلىشى كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسى ئېمما رېلى تەرىپىدىن «خىتاي بىلەن ھەمكارلاشتى» دەپ تەنقىدلەندى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاي دائىرىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىش بىلەن ئەيىبلەۋاتقان بولۇپ، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇغۇت چەكلەش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان. بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى خىتاي دائىرىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەنىدى ھەمدە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغانىدى.

جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر شەخسنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىلىشقا قوشۇلغان. خىتاي يەنە بۇ زىيارەتنىڭ «دوستانە» بولۇشى ھەمدە تەكشۈرۈش خاراكتېرىنى ئالماسلىقى كېرەكلىكى ھەققىدە شەرت قويغان. خىتاي يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىدىن ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھارپىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىش تەلىپىگە قۇلاق سالماسلىقنى تەلەپ قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى دوكلاتقا ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى ئۈچ يىل جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى قاتلاممۇ قاتلام تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان.

ئالدىنقى مەزگىلدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىنىڭ خىتايىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە پائالىيەت قىلغان خىتايغا قارشى شەخسلەرنىڭ تىزىملىكى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى سەتچىلىكنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن قوغلانغان ئېما رىلىنىڭ قارىشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىش مەسىلىسىدە خىتايغا باش ئەگكەن ھەمدە خىتاي بىلەن ھەمكارلاشقان.

ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە رەئىسى جېف مېركلى بىلەن جامىس مىكگوۋېرن بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن باچېلېتقا خەت ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.



# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى»نى بايقۇت قىلىش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى



1997 - يىلى 5 - فېۋرال يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىنى خاتىرىلەش ۋە بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 4 - فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشقا 1000 غا يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىشچىلار خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاش بىلەن بىرگە، ھىلال ئاي ئىشارىتى ئارقىلىق بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈردى. نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا تۈركىيە ۋە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن باياناتنى ئېلان قىلىپ، 73 يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىكى باشلانغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ بىر كۈنمۇ توختاتمىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى «بارىن قەتلىئامى»، «ئۈرۈمچى قەتلىئامى»، «خانئېرىق قەتلىئامى»، «يەكەن ئېلىشقۇ قەتلىئامى» قاتارلىق قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ئون مىڭلىغان بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ غۇلجا قەتلىئامىنىڭ تەپسىلاتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن سىرت، خىتاينىڭ يەنە 2017 - يىلدىن باشلاپ نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماپ، ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ باياناتىدا يەنە: «ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ ئىسلام دۇنياسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە سۈكۈت قىلىپ، بىزنى يالغۇز قويماقتا. بىز تۈركىيە باشلىق ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىمىز» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى تۈركىيە ئىستىقلال مارشى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى ئوقۇش بىلەن باشلاندى. ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان




شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەب تىلىدا بايانات ئوقۇپ، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىغا خىتاب قىلىپ، 1997 - يىلى رامىزان ئېيىدىكى مۇبارەك كۈن - قەدىر كېچىسىدە يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئۆتتى ۋە خىتاينىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىزچىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە غەرب ئەللىرى ھەرخىل شەكىلدە قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ سۆزىدە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە، جۈملىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش جىنايىتىگە قارشى ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىردى.

ئارقىدىن «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مالايشىيا ھەرىكىتى فوندى»نىڭ ۋەكىلى زۇھرى يۇھيى ئەپەندى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ خىتايدا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چوقۇم خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توسۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

تۈرك دۇنياسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار مۇنبىرى رەئىسى سەردار شاھىن ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئەسلىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا ساھىبخانلىق قىلىشىنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

د ئۇ ق ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد ئەپەندى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ ئولىمپىكقا ساھىبخانلىق قىلىشىنىڭ بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى، غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى تۇرغان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي قېرىندىشى بولغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ خىتاي تەرەپتە تۇرغانلىقىنى، ئىسلام ئەللىرىنى بۇ مەيداننى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىلى مەشرەپ ۋەقفى ۋەكىلى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى قاسىمجان داموللام سۆز قىلىپ، 25 يىل ئىلگىرى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى دىنىدىن، مىللىي مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تەشۋىقات ۋە تەدبىرلىرىگە قارشى 5 - فېۋرال نامايىش قىلغانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ تىنچ ھالدا قىلىنغان نامايىشنى باھانە قىلىپ خەلقنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغانلىقىنى، شۇ دەۋردىكى شېھىتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، زالىمدىن قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈلگىنى تىكلەپ بەرگەنلىكىنى، خىتايدىن قىساس ئېلىش پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.



نامايىشنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ (IHH) بالكەسىر شۆبىسى رەئىسى ئەلى قاراتاش ئەپەندى «شەرقىي تۈركىستان» ماۋزۇلۇق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئۇيغۇر ھەركىتى تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن مەھلىيا چېتىنقايا خانىم ئىنگلىز تىلىدا قىسقىچە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۆسمۈرلەردىن مەرھابا ئوسمان «تامچە» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

نامايىش سۆزلۈق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالار بىلەن ئاخىرلاشتى.

نامايىش ئىستانبۇلدىن باشقا يەنە تۈركىيەنىڭ كاستامونۇ ۋە قەھرىمانماراش شەھەرلىرىدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى.

4 - فېۋرال ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلەيد شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ تىپتىكى نامايىش ئۆتكۈزدى.

شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 5 - فېۋرال شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئىستوكھولمدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا غۇلجا شەھىرىدە سادىر قىلىنغان قەتلىئامنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش نامايىشى ئۆتكۈزدى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 5 - فېۋرال ئامستېردامدىكى دام مەيدانىدا غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلىش نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ئۇندىن باشقا ۋاشىنگتون، توكيو، لوندون، كانادانىڭ تورونتو، ئوتتاۋا، ۋانكوۋېر، كالگارى، شەھەرلىرى ۋە بېلگىيە ئانتۋېرپ شەھىرى قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردا ئوخشاش تەرىقىدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.





# خىتاي غۇلجا قەتلىئامى جىنايەتچىسىنى مەشئەل يەتكۈزگۈچى قىلدى

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، شۇنداقلا غۇلجا قەتلىئامى خاتىرە كۈنىنىڭ هارپىسىدا، خىتاي دائىرىلىرى غۇلجا قەتلىئامى جىنايەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى ئۇيغۇرنى قىشلىق ئولىمپىك مەشئىلىنى يەتكۈزۈش ۋە يېقىشقا تەشكىللىدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بېيجىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىنىڭ مەشئىلىنى يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە ئىككى ئۇيغۇر قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، خىتاي رېجىمى بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا، شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

4 - فېۋرال 2022 - يىلى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك قىرغىنچىلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى ئۇيغۇر مەشئەل يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە مەقسەتلىك قاتناشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا ناھىيەسى ئۇنيار يېزىسى بۇلۇقاي كەنتىدىكى ئاتالمىش «1 - ئېيۇل ئوردېنى»غا ئېرىشكەن خىتاي كومپارتىيەسى ياچېيكا سېكرېتارى مەمەت ئۆمەر بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى مەشئەل يەتكۈزگۈچى بولۇپ، مەشئەل يەتكۈزۈشكە قاتناشتۇرۇلغان. يەنە بىرى 20 ياشلىق چاڭغا تېيىلىش ماھىرى دىلنىگار ئىلھامجان ئىسىملىك ئۇيغۇر قىز بولۇپ، مەشئەل يېقىشقا قاتناشتۇرۇلغان.

كۆپلىگەن ئاخبارات ۋاستىلىرى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىككى ئۇيغۇرنى مەشئەل يەتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز تۋىتتېر ھېسابىدا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلەپ، خىتاينىڭ بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىدە مەسىلە بارلىقىنى ئېتىراپ



قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە: «بۇ ھەقىقەتەن يىرگىنچلىك» دېگەن.

بۇ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە مەمەت ئۆمەرنىڭ مەشئەل يەتكۈزگۈچى بولۇشى ئالاھىدە دىققەت تارتىدىغان بولۇپ، ئۇ 25 يىل بۇرۇنقى 5 - فېۋرال قەتلىئامىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. خىتاي غۇلجا قەتلىئامى خاتىرە كۈنىدىن دەل بىر كۈن بۇرۇن باشلانغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدا دەل بۇ قولچومىقىنى مەشئەل توشۇغۇچى قىلىپ تاللىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، مەمەت ئۆمەر 1997 - يىلى غۇلجا قەتلىئامىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كەنت قوروۇسى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ھويلىلىرىغا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقچىسى تاشلانغانلىقىنى بايقىغان ۋە دەرھال يېزا كادىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى باشقىلار كۆرۈپ بولغۇچە يىغىۋالغان. ئۇنىڭ بالدۇر بايقاپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشى سەۋەبلىك، 5-فېۋرال غۇلجا جىھادىغا ئونيار يېزىسى بۇلۇقاي كەنتىدىن

ھېچكىم قاتنىشالمىغان. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان سادىقلىقى بىلەن كۆپلىگەن تەقدىرلەشلەرگە ئېرىشكەندىن سىرت، بۇلتۇر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئوردېنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكى ھېسابلىنىدىغان ۋە خىتاي كومپارتىيەسىگە ئالاھىدە سادىق ساناقلىق كىشىلەرگىلا بېرىلىدىغان «1-ئىيۇل ئوردېنى»غا ئېرىشكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدە دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشلىرىغا ئۇچرىغان بىر پەيتتە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىغا ئىككى ئۇيغۇرنى مەشئەل يەتكۈزگۈچى قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، بولۇپمۇ مەمەت ئۆمەرگە ئوخشاش قولچوماقلىرىنى بۇ خىل ئۇسۇلدا تەقدىرلەش ئارقىلىق، غۇلجا قەتلىئامىدىن ئىبارەت ۋەھشىيانە جىنايىتىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش سىگنالى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.






يېقىنقى مەزگىللەردە خىتاينىڭ يالالنما تور قوشۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» دېگەن ھەشتەگنى زور تۈركۈمدە تارقاتقان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى تەنقىد سادالىرىنى كۆمۈۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ 8 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ يالالنما تور قوشۇنى بۇلتۇر 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» (#GenocideGames) دېگەن ھەشتەگ قوشۇلغان تىۋىتتېر ئۇچۇرلىرىنى كۆپلەپ تارقاتقان. ھالبۇكى، مەزكۇر ھەشتەگ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ۋە مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ نورمال ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىغا قارىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كەلگەنىدى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر تاكتىكا «ھەشتەگ كەلكۈنى» دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق رولى كۆنتەرتىپتە بولۇۋاتقان ھەشتەگلەرنىڭ رولىنى ۋە تەسىرىنى سۇسلاشتۇرۇش ئىكەن. خىتاينىڭ زور تۈركۈمدىكى ئاپتوماتلاشقان تىۋىتتېر ھېسابلىرى مەزكۇر ھەشتەگنى پۈتۈنلەي ئالاقىسىز، ئەھمىيەتسىز ئۇچۇرلار بىلەن قوشۇپ تارقىتىش ئارقىلىق، مۇھىم ئۇچۇرلارنى كۆمۈپ قويىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى»غا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىزدىگەنلەر كۆپىنچە مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلارغا ئېرىشىدىكەن.

> مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە توختىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ساختا تەشۋىقات ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» دېگەن ھەشتەگنىڭ دەل بۇ ئىككى نۇقتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك خىتاينىڭ مەخسۇس بۇ ھەشتەگنى ھۇجۇم نىشانى قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.
>
> خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ ئالاقىدار دائىرىلىرى بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش ھەققىدىكى تەلەپكە ئىنكاس قايتۇرمىغان.




# خىتاي ئىرېلاندىيەنىڭ «ئۇيغۇر سوتى» ھەققىدىكى قارارىغا نارازىلىق بىلدۈردى

ئىرېلاندىيە كېڭەش پالاتاسى 9 - فېۋرال بىر تەكلىپ ماقۇللاپ، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ بۇلتۇر 9 - دېكابىردا ئېلان قىلغان سوت ھۆكمىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، خىتاي بۇنىڭغا دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى.

خىتاينىڭ ئىرېلاندىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئورگان تور بېتىدە بۇ ھەقتىكى نارازىلىق باياناتىنى سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئەلچىخانا باياناتچىسى: «بىز ئىرېلاندىيە كېڭەش پالاتاسىدىكى ئاز بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ يالغان ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا، خىتاي-ئىرېلاندىيە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز» دەپ جار سالغان.

> باياناتتا يەنە ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىقتىسادىي ياردەم قىلغان، ئاتالمىش «خىتايغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر»دىن تەشكىللەنگەن، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلىش، خىتايغا قارا سۈركەش مەقسەت قىلىنغان سىياسىي قورال ئىكەنلىكى، ھېچقانداق قانۇنىي سالاھىيىتى يوقلۇقى... قاتارلىق خىتاي رېجىمى تەكرارلاپ كەلگەن ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان.

ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدە تەشكىللەنگەن «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» بىر نەچچە قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىن كېيىن، بۇلتۇر 9 - دېكابىر رەسمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.





# خىتاي كومپارتىيەسىگە ئومۇميۈزلۈك جازا يۈرگۈزۈش ھەققىدە قانۇن لايىھەسى سۇنۇلدى

ئامېرىكىنىڭ بىر تۈركۈم جۇمھۇرىيەتچى پارلامېنت ئەزالىرى «خىتاي كومپارتىيەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»نىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ھەققىدە يېڭى بىر تەكلىپ لايىھەسى سۇنغان بولۇپ، بۇنىڭ شى جىنپىڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى دىققەت قوزغىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 10 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ھەربىي كومىتېتىنىڭ باش رەئىسى، جۇمھۇرىيەتچى مايك روگېرسىنىڭ باشچىلىقىدا ئاۋام پالاتاسىدىكى بىر تۈركۈم جۇمھۇرىيەتچىلەر «خىتاي كومپارتىيەسىدىكى مۇستەبىت، خەلقنى باستۇرغان ئەمەلدارلارنى جازالاش قانۇنى» ناملىق قانۇن لايىھەسىنى سۇنغان.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدە «خىتاي كومپارتىيەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»نىڭ بارلىق ئەزالىرى جازا نىشانى قىلىنغان بولۇپ، ئەگەر ماقۇللىنىپ قالسا، 30 كۈندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن شى جىنپىڭغىلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىغىمۇ جازا يۈرگۈزۈلىدىكەن.

قانۇن لايىھەسىدە تىلغا ئېلىنغان جازالار ۋىزا بەرمەسلىك، ئامېرىكىغا كىرىشنى چەكلەش، ئامېرىكىنىڭ پۇل-مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئىشلىتىشنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن «خىتاي كومپارتىيەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»نىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئەزاسى جازالىنىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ جازاسىدىن قېچىش يولىمۇ ئېتىلىدىكەن. ئۇندىن باشقا خىتايدىكى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئەمەلدارلار بىلەن سودا قىلىشىمۇ چەكلىنىدىكەن.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق رەزىل قىلمىشلىرى مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا خىتاي رىجىمى شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى، تەيۋەنگە قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاشنى توختاتقاندا، ئاندىن جازانىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ھازىرغا قەدەر ئاۋام پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەردىن 15 كىشى بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئاۋاز قوشقان. ئەمما دېموكراتچىلاردىن ھازىرچە بىرەرسى قوشۇلمىغان.

# ئىستانبۇلدا بېيجىڭ ئولىمپىكىغا قارشى ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى



12 - فېۋرال ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە رايونىدىكى سەفاكۆيگە جايلاشقان قارتال تەنتەربىيە مەيدانىدا «ئىستىقلال ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلۈپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلدى.



مۇسابىقىنى شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، يۈگۈرۈش مۇساپىسى بەش كىلومېتىر قىلىپ بەلگىلەندى. مۇسابىقىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان ئۆسمۈرلەر بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىغا قارشى شوئار ۋە بەلگىلەر چۈشۈرۈلگەن مايكىنى كىيگىنىچە چوڭ مەيداننى 15 قېتىم ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ، خىتايغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ۋە نارازىلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەن ساپاسىنى نامايان قىلدى.



مەزكۇر نارازىلىق مۇسابىقىسىنى قوللاش، شۇنداقلا ئۆسمۈر ماھىرلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىمۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى.



# خىتاي بۇ يىللىق سۈرگۈن ۋە جازا لاگېرى پىلانىنى ئاشكارىلىدى

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئالدىنقى كۈنلەردە ئاچقان خىزمەت يىغىنىدىن بۇ بىر يىل ئىچىدىمۇ مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىش ۋە جازا لاگېرىغا قامىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئاشكارىلاندى.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامىغاندىن سىرت، لاگېر سىرتىدىكى خەلقنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە ياكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا سۈرگۈن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ يېڭى خىزمەت پىلانى بۇ جىنايەتلىرىنىڭ بۇ يىلمۇ زور كۆلەمدە داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 15 - فېۋرال شەرقىي تۈركىستاندا ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدىكى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەنگەن ۋە بۇ يىللىق پىلانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر پىلانغا ئاساسلانغاندا، خىتاي رېجىمى 2022 - يىلى ئاتالمىش «يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى مىليون 750 مىڭ كىشىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىدىكەن.

يىغىندا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا 460 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ خىتايغا نىسبەتەن مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن. خەۋەردە خىتاينىڭ بۇ جىنايەت پىلانلىرى «ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەرتىپلىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن پەردازلانغان.

ئۇندىن باشقا بۇ يىغىندا تىلغا ئېلىنغان «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى»مۇ ئالاھىدە دىققەت تارتىدىغان بولۇپ، بۇ بىر يىل ئىچىدە مەزكۇر ئاتالمىش «تەربىيىلەش»كە قاتناشتۇرۇلىدىغانلار بىر مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشىدىكەن. ھالبۇكى، خىتاي رېجىمى ئىزچىل ھالدا جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن ۋە بۇ جىنايىتىنى دەل «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى» دەپ جار سېلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيىلەش مەركەزلىرى»نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاقالدى، دەپ دەۋا قىلىۋاتقان خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ يىلمۇ مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى جازا لاگېرىغا قامايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن.

خىتاي 2020 - يىلى ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە ھەر يىلى بىر مىليون 300 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيىلەش»كە قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇنىڭ ئاساسەن، بەش يىل ئىچىدە جازا لاگېرىغا قامالغانلارنىڭ سەككىز مىليونغا يېقىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.



# ب د ت باش كاتىپى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى

ب د ت باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېس ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنى شەرقىي تۈركىستاننى «ئىشەنچلىك» ھالدا زىيارەت قىلدۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېس 18 - فېۋرال گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئېچىلغان بىخەتەرلىك يىغىنىدا ئالاقىدار سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستاننى «ئىشەنچلىك» ھالدا زىيارەت قىلدۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

”

ئۇ جاۋابىدا ئەگەر خىتاي باشقىلار ئەيىبلىگەندەك ئىشلارنى قىلمىغانلىقىغا ئىشەنسە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشەنچلىك تەرىقىدە زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ خىتاينىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇزلىرىنىڭ بارلىق ئامىللارنى قىلىپ، بۇ زىيارەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ ئەمەلگە ئاشمىسا، ئالىي ئەمەلدار (مىشېل باچېلېت)نىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ماس ھالدا قارار چىقىرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت يىغىنىقى ئۆچ يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىدە خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىزچىل سۆھبەتلىشىۋاتقان بولۇپ، خىتاي تەرەپ يىغىنىدا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى، ئەمما زىيارەتنىڭ تەكشۈرۈش خاراكتېرىنى ئالماسلىقى كېرەكلىكىنى دەۋا قىلغانىدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى گۇتېرېسنىڭ بۇ ئىپادىسىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇنىڭ گۇتېرېسنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى مەسىلىسىدە بۇگۈنگە قەدەر قىلغان ئەڭ كۈچلۈك سۆزى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، «ئىشەنچلىك زىيارەت قىلىش»نىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننى توسالغۇسىز ۋە كونتروللىسىز زىيارەت قىلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

يىغىنىقى مەزگىللەردە مىشېل باچېلېت ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق باستۇرۇلۇشقا ئۇچراۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىدىغانلىقى كۆپلەپ خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇلار بېيجىڭ ئولىمپىكىدىن بۇرۇن ئېلان قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما دوكلات ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان.



# ختاي دائىرلىرى ئۇيغۇر مەھەللىلىرنى يوقىتىشتىكى بەش يىللىق پىلاننى ئاشكارلىدى

ختاي رىجىمىنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت پىلانلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ، تۇرلۇك باستۇرۇشلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەھەللىرىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك داۋاملىشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

ختاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 19 - فېۋرالدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي دائىرىلىرى تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا ختاي دائىرىلىرىنىڭ 2021 - يىلىدا شەھەر-بازارلاردىكى 231 مىڭ 500 ئائىلىگە چېتىلغان 1714 ئولتۇراق رايوننى چېقىپ ئۆزگەرتكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇ يىل بولسا شەرقىي تۈركىستاندا 1273 ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش پىلانلانغان بولۇپ، بۇ 203 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىگە چېتىلىدىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ختاي رىجىمى 2021 - يىلىدىن 2025 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە 5761 ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ 870 مىڭ ئائىلىگە چېتىلىدىكەن.

ختاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىجرا قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىققاندىن سىرت، يەنە مەخسۇس بۇ ھەقتە ئاتالمىش «يېتەكچى پىرىنسىپلار»نى بېسىپ تارقاتقان.

كۆزەتكۈچىلەر ختاي رىجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، تارىخىي ئىزلارنى، مەھەللە، قوشنىدارچىلىق كۇلتۇرىنى ۋە بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول ۋە نازارەت قىلىش، نوپۇس نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

ئالدىنقى كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاندا ئېچىلغان ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنىدا بىلدۈرۈلگەن قارارلاردىن، ختاينىڭ بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى مىليون 750 مىڭ كىشىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىدىغانلىقى، ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتاۋاتقان جازا لاگېرىغا قاملىدىغانلارنىڭ بىر مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ 24 - فېۋرالدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاي باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭ مۇخبىرنىڭ رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا باغلاپ سورىغان كەسكىن سوئالىغا دۇچ كەلدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كۈندىلىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا فىرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنى «ئەسىر يالغانچىلىقى» دەپ ئىنكار قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «نۆۋەتتە رۇسىيە ئۇكرائىنادىكى رۇس تىللىق خەلقنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىش سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنداقتا رۇسىيە خىتاي تەرەپنى ئۇكرائىنا زىمىنىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار بىرەر ئىسپات بىلەن تەمىنلىدىمۇ؟ ئەگەر بولمىسا، سىز بۇنىمۇ ئەسىر يالغانچىلىقى، دەپ ئاتاشنى ئويلىشىۋاتامسىز؟» دەپ سورىغان.

بۇ سوئالدىن قاتتىق بىئارام بولغان خۇا چۇنيىڭ مۇخبىرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆزنى قايتا ئىشلەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇنىڭ «ئەسىر يالغانچىلىقى» ئىكەنلىكىنى قايتا تەكرارلىغان.

خۇا چۇنيىڭ سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلار بىلەن ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي رايونىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سېلىشتۇرالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئىشلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

ئۇ يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ بۇرۇنقى ئىبارىلىرىنى تەكرارلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى، نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ، دىپلوماتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەرەققىيات ۋە تىنچلىقنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە بىلجىرلىغان.

خۇا چۇنيىڭ فىرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «رادىكاللىق»قا قارشى قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ فىرانسىيە جەمئىيىتىدە يولغا قويۇلغان تېررورلۇق ۋە رادىكاللىققا قارشى تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتاينى ئىزچىل ئاساسسىز ئەيىبلەپ كەلگەنلىكى ھەققىدە جار سالغان.

خۇا چۇنيىڭ يىغىندا خىتاينىڭ رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى مەيدانى توغرۇلۇق كۆپلىگەن سوئاللارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قوزغىغان ھەربىي ھەرىكىتىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ ئاتاشتىن باشتىن-ئاخىر ئۆزىنى قاچۇرغان.



# ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ
# تۈركچە خەۋەرلىرى تۈركىيە رادىيو قاناللىرىدا

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەمىزنىڭ تۈركچە بۆلۈمى يىللاردىن بېرى ھەرقايسى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا تۈركچە كۈندىلىك خەۋەر، سۆھبەت پىروگراممىلىرى ۋە قىسقا ۋىدىيولار ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تۈرك دۇنياسىغا يەتكۈزۈشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. تۈركچە بۆلۈمىمىز يېقىنقى كۈنلەردە تۈركىيەدىكى بىر نەچچە رادىيو قانىلى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ سۇپىلىرىدا مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى سۇنۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

مۇشۇ ھەپتىدىن تارتىپ، تۈركىيەنىڭ «Hedef» رادىيو قانىلىدا (چاستوتىسى 91.8) ھەر شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى سائەت 16:40 تىن 17:00 گىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركچە بۆلۈمىمىز تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان خەۋەرلىرى تارقىتىلماقچى. ئۇندىن باشقا تۈركىيەنىڭ «Denge» رادىيو قانىلىدىمۇ (چاستوتىسى 92.1) ھەر سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى ئەتىگەن سائەت 08:30 دا ۋە چۈشتىن كېيىن 16:15 تە (بىر ئايدىن كېيىن 16:00 دە) شەرقىي تۈركىستان خەۋەرلىرى تارقىتىلماقچى.

بۇ خىزمەتلەر شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تۈركىيەدىكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي تويلاردا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تونۇلۇشىغا ۋەسىلە بولغۇسى.




دۇنيا بانكىسىنىڭ تارماق ئورگىنى بولغان «خەلقئارا پۇل مۇئامىلە شىركىتى» (IFC) شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەك، يەر-زېمىن ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق جىنايەتلەرگە چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىنى نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق قەرز بىلەن تەمىنلىگەن ۋە پاي مەبلىغى سالغان.

# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتنى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | يۈسۈپجان قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| بەتچىك | ئىرشات سەرھان |
| ھەجۋىي رەسىم | رەدۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00